# ۋەتەنسىزلىك ـ قەدىرسىزلىك

## — كەچۈرمىشلىرىم —



ئاپتور

مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر

Mehmet UYGUR | مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر

# ۋەتەنسىزلىك ــ قەدىرسىزلىك

## ــ كەچۈرمىشلىرىم ــ

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى

# ۋەتەنسىزلىك ــ قەدىرسىزلىك

ــــ كـەچۈرمـىشلـىرىـم ــــ

**مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەت ئۇيغۇر**

**Vatansızlık - Değersizlik ● Stateless - Worthless**

Mehmet UYGUR

مۇھەررىرلەر:
ئالماس ھاجى
ئېلى روزى
مۆمىنجان سىدىق

بەت لايىھەلىگۈچى: ئاقھۇن
مۇقاۋا لايىھەلىگۈچى: مەردان ئۇيغۇر

2022 ـ يىلى 3 ـ ئاي، بىرىنچى نەشرى

ISBN: 978-625-00-9441-9

سۇتۇق بۇغراخان نەشرىياتى نەشر قىلدى
ئىستانبۇل ـ تۈركىيە



دادام ئەمەت سەلەي



ئانام خەلچەم جامال




2000 - يىلى 1 - ئاينىڭ 31 - كۈنى تۈركىيە دېڭىز ئىشلىرى مىنىستىرلىكىدە. ئوتتۇرىدىكى تون ۋە دوپپا كىيگەن كىشى دېڭىز ئىشلار مىنىستىرى رامىزان مىرزائوغلۇ. ئوڭدىن 2 - كىشى مەن، 3 - مەخمۇت پىدائىي، 4 - بارات ھاجىم. سولدىن 1 - ئارسلان ئالپتېكىن، 2 - كاتىپ ئەخمەت ئاتەشچى، 3 - مەمەت ئىمىن ئابدۇۋەلى.



2000 - يىلى ياز، دېڭىز ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ باش كاتىپلىقى. ئوڭدىن 1 - مەخمۇت پىدائىي، 3 - مەن، 4 - دېڭىز ئىشلار مىنىستىرى رامىزان مىرزائوغلۇنىڭ كاتىپى ئەخمەت ئاتەشچى. سولدىن 1 - ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم، 2 - دوكتور ھەسەنجان ئابدۇكېرىم.



2002 - يىلى 3 - ئاينىڭ 16 - كۈنى ئاقكۈن مېھمانخانىسى، مەخمۇت پىدائىغا ئالتۇن مېدال تەقدىم قىلىش مۇراسىمى. ئالدىنقى رەت ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان ئاق چاچلىق كىشى دۆلەت دېڭىز ئىشلار مىنىستىرى رامىزان مىرزائوغلۇ. ئۆرە تۇرغانلار ئوڭدىن 1 - كامىلجان، 2 - مەخمۇت پىدائىي، 3 - مەمەت ئېلى دوختۇر، 4 - مەمەت ئىمىن ئابدۇۋەلى، 5 - مەن.



2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى. تۈركىيە دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرلىكىنىڭ خاس ئىشخانىسىدىكى كۆرۈشۈشتە، مەخمۇت پىدائىي دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ساباھاتتىن چاقماقئوغلۇغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ تەلەپلىرىنى سۇنماقتا. ئوڭدىن 2 - كىشى دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى ساباھاتتىن چاقماقئوغلۇ، 3 - كىشى مەخمۇت پىدائىي. سولدىن 1 - كىشى ئابدۇجېلىل تۇران، 2 - مەمەت ئېلى دوختۇر، 3 - مەن، 4 - ئەركىن ئەمەت.



2002 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنى. تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى دۆلەتلىك جامائەت خەۋپسىزلىكى نازارىتى. ئوڭ تەرەپتىن 1 - ئەركىن ئەمەت، 4 - مەخمۇت پىدائىي، 5 - كاتىپ ئەخمەت ئاتەشچى. سول تەرەپتىن 1 - ئابدۇجېلىل تۇران، 3 - مەن، 4 - مەمەت ئېلى دوختۇر.



2002 - يىلى 10 - ئاينىڭ 15 - كۈنى كەچ، سابىق باش مىنىستىر نەجمىددىن ئەرباقاننىڭ ئۆيى. ئوتتۇرىدا ئولتۇرغان، تون ۋە دوپپا كىيگەن كىشى سابىق باش مىنىستىر نەجمىددىن ئەرباقان. ئوڭدىن 1 - كىشى ئابدۇقادىر ھاجىم، 4 - كىشى يەنى ئەرباقاننىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئابدۇقادىر ياپچان. ئەرباقاننىڭ سول تەرىپىدىكى مەخمۇت پىدائىي، يېنىدىكى مەن.



2003 - يىلى 9 - ئاينىڭ 22 - كۈنى. تۈركىيە پارلامېنت رەئىسى بۈلەنت ئارىنچنىڭ خاس ئىشخانىسى. ئوڭ تەرەپتىن 1 - مەن، 2 - مەمەت ئىمىن ئابدۇۋەلى، 3 - مەخمۇت پىدائىي، 4 - دوپپا ۋە قارا رەڭلىك زەرلىك تون كىيگەن پارلامېنت باشلىقى بۈلەنت ئارىنچ. سول تەرەپتىن 1 - دوكتور ھەسەنجان ئابدۇكېرىم، 2 - ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم ھاجىم.



Olimpiyat meşalesinin ateşi eylemle yükseldi

VATAN

İstanbul'a getirilen meşaleyi 80 ünlü elden ele taşıdı. Ancak Sincan'ın bağımsızlığını isteyen grubun yaptığı eylem, törene gölge düşürdü. Galata Köprüsü'nde arbede çıktı

ÇİN'İN başkenti Pekin'de 8-24 Ağustos 2008 tarihleri arasında düzenlenecek 29. Yaz Olimpiyat Oyunları öncesi dünya turu çerçevesinde gerçekleştirilen Olimpiyat Meşalesi Koşusu'nun İstanbul ayağı yapıldı. Sultanahmet meydanında gerçekleştirilen törenle koşunun startı verildi. Konuşmaların ardından 2008 Olimpiyat Oyunlarının Organizasyon Komitesi Başkan Yardımcısı Jiang Xiaoyi, meşaleyi Türkiye Milli Olimpiyat Komitesi Başkanı Togay Bayatlı'ya verdi. Bayatlı ise meşaleyi ilk olarak taşıyacak milli buz patenci Tuğba Karademir'e teslim etti. Karademir olimpiyat meşalesiyle Sultanahmet Meydanından ayrılmaya hazırlanırken, Çin'in Sincan Uygur Özerk bölgesinin bağımsızlığını savunan bir grup eylem yaptı.

Hürriyet — CUMARTESİ, 5 Nisan 2008 — 19

Çin Doğu Türkistan'ı da eziyor, dünya sadece Tibet'e bakıyor

Dalay Lama'ları yok

Uygurlara Olimpik temizlik

İstanbul'da meşale savaşı

1) 2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئىستانبۇل گالاتا كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك يىغىنىنىڭ مەشئىلىنى تارتۋېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ھۇجۇمدىن بىر كۆرۈنۈش.

2) 2008 - يىلى 4 - ئاينىڭ 3 - كۈنى، ئىستانبۇل گالاتا كۆۋرۈكىنىڭ ئۈستىدە، بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلىدىغان ئولىمپىك يىغىنىنىڭ مەشئىلىنى تارتۋېلىش ئۈچۈن قىلىنغان ھۇجۇمدىن بىر كۆرۈنۈش.




2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەنقەرەدىكى خىتاي مەركىزى ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قارشى ئېلىپ بارغان نامايىش جەريانىدا ئۆزۈمگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويغان ۋاقتىم.



2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەنقەرەدىكى خىتاي مەركىزى ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قارشى ئېلىپ بارغان نامايىش جەريانىدا ئۆزۈمگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويغان ۋاقتىم.




**2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەنقەرەدىكى خىتاي مەركىزى ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قارشى ئېلىپ بېرىلغان نامايىش جەريانىدا ئۆزۈمگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويغان ۋاقتىم.**






*مەمەت تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ ئەنقەرە نۇمۇنە دوختۇرخانىسىدا داۋالىنىۋاتقان كۆرۈنۈشلىرىدىن بىرى. سۈرەتتە، شەرقىي تۈركىستان مەدەنىيەت ۋە ھەمكارلىق جەمىيىتى ئەنقەرە شۆبە باشلىقى خەيرۇللا ئەفەندىگىل ئەپەندى مەمەت تۇرسۇن ئەپەندىنىڭ يېنىدا.*

**2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى، ئەنقەرەدىكى خىتاي مەركىزى ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدى. شەرقىي تۈركىستان خەلقى خىتاينىڭ پايتەختى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن ئولىمپىك تەنھەرىكەت يىغىنىغا قارشى ئېلىپ بارغان نامايىش جەريانىدا ئۆزۈمگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويغاندىن كېيىن ۋە ئەنقەرە نۇمۇنە دوختۇرخانىسىدا.**



gelmiştir. Sayın Erkin SIDDIK'a bundan sonraki ilmi çalışmalarında başarılar dileriz.

**FEDAKAR KARDEŞİMİZE ÖDÜL VERİLDİ**

08.08.2008 de Çin'in başkenti Pekin'de yapılan olimpiyatın açıldığı gün Ankara'da Çin Büyükelçiliği önünde yapılan protesto gösterileri sırasında Doğu Türkistan'da yaşanan zulme daha fazla dayanamayan kardeşimiz MEHMET Tursun UYGURTÜRKOĞLU kendini yakarak ağır şekilde yaralanarak teda- da Doğu Türkistanlı hemşerimiz katıldı. Törende bir konuşma yapan DUK Başkan Yardımcısı ve Doğu Türkistan Kültür ve Dayanışma Derneği Genel Başkanı Sn. Seyit Tümtürk burada toplanmamızın amacı vatanı ve milleti için gerektiğinde gözünü kırpmadan canını ortaya koyabileceğini ispatlayan Mehmet T.UYGURTÜRKOĞLU kardeşimize öncelikle dünyanın çeşitli ülkelerinde vatanlarından ayrı vatan hasreti ile yaşayan Doğu Türkistanlı kardeşlerimiz adına bir kez daha büyük geçmiş olsun dileklerimi sunuyorum, geçmiş tarihimizde bu vatan için gözünü kırpmadan vatanı uğruna hayatlarını feda ederek Doğu Türkistan tarih sayfalarına isimlerini altın harflerle yazdıran ve Uygur halkının kalplerinde taht kuran vatan kahramanlarını ve şehitlerimizi burada minnet ve şükranla yad ediyorum, bilinen unutulmaması gereken şuki bu vatan kahramanı şehitler ve gazilerimize kahramanlık ünvanı durup dururken verilmemiştir, vatan ve millet uğruna gösterdikleri fedakarlıktan ötürü bu kahramanlık ünvanı ile anılmaktadır, Mehmet Tursun kardeşimizde vatanı ve milleti için canını hiçe sayarak bü-

2008 - يىلى 11 - ئاينىڭ 16 - كۈنى، زەيتىنبۇرنۇدىكى ياشلار دەرنىكىنىڭ ئىشخانىسى.

تۈركىيەدىكى شەرقىي تۈركىستان تەشكىلاتلىرى 2008 - يىلى 8 - ئاينىڭ 8 - كۈنى ئەنقەرەدىكى خىتاي مەركىزى ئەلچىخانىسىنىڭ ئالدىدا ئۆتكۈزۈلگەن نامايىش جەريانىدا ئۆزۈمگە بېنزىن چېچىپ ئوت قويغانلىقىم مۇناسىۋىتى بىلەن بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ ماڭا شەرقىي تۈركىستان خەلقى نامىدىن رەھمەت ئېيتتى. رەسىمدە، ئوڭ تەرەپتىن 1 - ئابدۇلھېكىمخان مەخسۇم هاجىم، 2 - تىبەت يۈجە تۈرك، 3 - سېيىت تۈمتۈرك، 4 - مەن، 5 - مۇساجان، 6 - كىشى، ئوتتۇرا ئاسىيا دۆلەتلىرىدىن كېلىپ ناۋايخانا ئېچىۋاتقان، ئەھۋالنى ئۇققاندىن كېيىن، ئاز بولسىمۇ مېنىڭ كۆڭلۈم، دەپ 100 دوللار بەرگەن كىشى.




2009 - يىلى 9 - ئاينىڭ 30 - كۈنى كەچ. بېنزىن بومبىسى ئېتىپ ئەنقەرەدىكى مەركىزى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ 3 - قەۋىتىنى كۆيدۈرۈۋەتتىم. بۇ كۆرۈنۈش ئەنقەرەدىكى مەركىزى خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ كامېراسى بولۇپ، خىتاي دائىرىلىرى ئۈستۈمدىن ئەرز قىلغان ۋاقىتتا بۇ ۋىدېئونى تۈركىيە سوتىغا پاكىت قىلىپ سۇنغان.





دۇنيا ئۇيغۇر قۇرۇلتىيىنىڭ 2010 - يىلى 4 - ئاينىڭ 29 - كۈنىدىن 5 - ئاينىڭ 1 - كۈنىگىچە ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن «4 - نۆۋەتلىك ئۇيغۇر رەھبەرلىرىنى دېموكراتىيە ھەم ئىنسان ھوقۇقلىرى بويىچە تەربىيەلەش كۇرسى» يىغىنىنىڭ 4 - ئاينىڭ 30 - كۈنكى خاتىرە سۈرىتى.



شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتى تەرىپىدىن 2011 - يىلى 6 - ئاينىڭ 20 - كۈنىدىن 26 - كۈنىگىچە بولۇ ۋىلايىتىدىكى سۈنئەت كۆلى ساياھەت رايونىغا ئورۇنلاشتۇرۇلغان «3 - نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىشى» يىغىنىنىڭ 6 - ئاينىڭ 26 - كۈنكى خاتىرە سۈرىتى.



2013 - يىلدىن باشلاپ ۋەتىنىمىزدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، خىتاي چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، تايلاند ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالغان، تايلاند تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇرلار.




2013 - يىلدىن باشلاپ ۋەتىنىمىزدىن ھىجرەت قىلىپ چىقىپ، خىتاي چېگرىسىدىن ئۆتۈپ، تايلاند ساقچىلىرى تەرىپىدىن تۇتۇلۇپ قالغان، تايلاند تۈرمىسىدىكى ئۇيغۇرلار.




2014 - يىلى 7 - 8 ئائىللىك ئۇيغۇر خوتۇن - باللىرى بىلەن ھىجرەت قىلىپ، ۋيېتنام زېمىنىغا كىرگەندىن كېيىن تۇتۇلۇپ قالغان. كېيىن ۋيېتنام ھۆكۈمىتى خىتايغا تاپشۇرۇپ بېرىش ئۈچۈن چېگراغا ئېلىپ بارغان مەزكۇر كىشىلەر قۇرۇق قول ھالدا ۋيېتنام ئەسكەرلىرىگە ھۇجۇم قىلىپ، بىرقانچە ئەسكەرنىڭ قورالىنى تارتىۋېلىپ، ئۇلار بىلەن ئېتىشقان. نەتىجىدە بىرقانچە ۋيېتنام ئەسكىرىنى ئېتىپ ئۆلتۈرۈپ ئۆزلىرىمۇ خوتۇن - باللىرىنىڭ كۆز ئالدىدا شېھىت بولغان. كېيىن ۋيېتنام ئەسكەرلىرى ئۇ كىشىلەرنىڭ ئائىلە تەۋابىتىنى خىتايغا ئۆتكۈزۈپ بەرگەن.



2015 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تايلاند ھۆكۈمىتى 109 ئۇيغۇرنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەردى.



ئىستانبۇل زەنجىرلىكۇيۇدىكى تايلاند كونسۇلخانىسى، 2015 - يىلى 7 - ئاينىڭ 8 - كۈنى تايلاند ھۆكۈمىتى 109 ئۇيغۇرنى خىتايغا تاپشۇرۇپ بەردى. ئىستانبۇلدا ياشاۋاتقان 150 - 200 ئەتراپىدىكى ئۇيغۇر بۇ خەۋەرنى ئاڭلىغاندىن كېيىن تايلاند كونسۇلخانىسىغا بېرىپ، كونسۇلخانىنى ئۇرۇپ - چېقىپ بىسىپ كىردى ۋە تايلاندنىڭ بايرىقىنى چۈشۈرۈۋەتتى.




1) 2017 - يىلى 12 - ئاينىڭ 23 - كۈنى «100 مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق كىتابىم نەشردىن چىقتى. 28 - كۈنى كىتابنىڭ تەھرىرلىرىدىن بىرى بولغان ئابدۇۋەلى ئايۇپ ئەركىن ئاسىيا رادىيوسىدا كىتاۋىمنى تونۇشتۇرۇپ، «ئۇيغۇرنىڭ كەچمىشىنى بۈگۈنگە ئۇلىغان ئەجدادلارنىڭ تارىخى ئايدىڭ بولسۇن» دېگەن ماۋزۇدا خەۋەر ئىشلەپ ئېلان قىلدى.

2) 2018 - يىلى 1 - ئاينىڭ 15 - كۈنى ئابدۇراخمان ئابدۇل ئىسمىلىك دوستۇم ئۆزىنىڭ ئىستانبۇلنىڭ چاپا دېگەن يېرىدىكى «ئەدىقۇت ئاشخانىسى»دا كىتابىمنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك يېزىلىپ نەشردىن چىققانلىقى مۇناسىۋىتى بىلەن مېنى تەبرىكلەپ بىر مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ بەردى.

# مۇندەرىجە

بېغىشلىما ..... 7
كىرىش سۆز ..... 11

بىرىنچى باب

## باللىق چاغلىرىم

كۇچا، 1975 ـ 1980 ـ يىللار ..... 15
ئاداش ـ ئاداش بولايلى ..... 22
تۇدى بوگبوك ..... 25
بىر كۈنلۈك تۇتقۇنلۇق ..... 30
رېشت كەنجىنىڭ ئىشتى ..... 33
يېڭى ئۆيىمىز ..... 36
بارات تووۋلاش ..... 40
رامىزان تووۋلاش ..... 45
ساۋۇت مەزىن ..... 49
مامۇت قارى ..... 51
خىتاينى چىشلىگەن ئىتىمۇ يالغان قاۋايدىغان بولۇپ قالىدۇ ..... 54
خىتاي بىلەن بولغان تۇنجى قېتىملىق جەڭ ..... 60
مەكتەپ هاياتىمنىڭ باشلىنىشى ..... 65
جەسەت توشۇش ..... 68
يېڭى مەكتەپكە كۆچۈش ..... 73
قورقۇنچلۇق چۈشلەر ..... 77
خىتاي مەكتىپىگە هۇجۇم قىلىش ..... 79

قورشاۋدىن بۆسۈپ چىقىش ........ 86
مەكتەپ مۇدىرىنىڭ ئىشخانىسىدا ........ 96
خىتايلارنى مەھەللىمىزدىن قوغلىۋەتتۇق ........ 102
ئوتتۇرا مەكتەپ ھاياتىم ........ 107


ئىككىنچى باب

## ھاياتلىق قەدەملىرىدە


زەرگەرلىك ھاياتىمنىڭ باشلىنىشى ........ 111
بايىنبۇلاقتا سەپەر ........ 114
بايىنبۇلاقتا ........ 117
شەرقىي تۈركىستان ئۇچقۇنلار تەشكىلاتىنىڭ قۇرغۇچىسى بىلەن كۆرۈشۈش ........ 127
شالدەرەڭدىن تەڭگە كولاش ........ 131
كۆلگە ساياھەت ........ 135
شاگىرتلىق ھاياتىمدىن ئەسلىمىلەر ........ 144
ئۇستامدىن دۇئا ئالدىم ........ 150


ئۈچىنچى باب

## قارا تىزىملىككە چۈشۈش


باي ناھىيەسىدە ........ 155
باي ناھىيەسىدىكى ھاياتىمدىن بەزى ئەسلىمىلەر ........ 158
كوچىدا ........ 182
خىتايغا ساياھەت ........ 185
بىر راۋاجلىنىش بىلەن بىر يامانلىشىش ........ 188


تۆتىنچى باب

## ۋەتەندىن ئايرىلىش


پاسپورت ئىشلىتىشكە يول مېڭىش ........ 193
بىرسى مېنىڭ ئۆيۈم، يەنە بىرسى مەن ئۆلدىغان ئۆي ........ 197

ۋەتەندىن ئايرىلىش ........ 200
ئاخىر تۈركىيەگە سالامەت كەلدىم ........ 206
تۈركىيەدە ........ 211
ئىستانبۇل ........ 220
تۈركىيەدىكى تەشكىلاتلار ۋە ئۇيغۇرلار ........ 225
پىغان ........ 231
بۇ قانداق چۈش؟ ........ 236
ھەج قىلىپ كەلدىم ........ 239
تۈركىيەنىڭ سىياسىي ۋەزىيىتى ۋە مەسئۇت يىلمازنىڭ قىزىل باشلىق
مەخپىي ھۆججىتى ........ 244
كىم مېنى بىكارغا ئىشلىتىدۇ ........ 248
سەندە ئۇنداق يۈرەك يوق ........ 255

بەشىنچى باب

## ئىمكانلىرىمىز، توختىمىغان قەدەملىرىمىز

تۈركىيەدىكى تەشكىلاتلار ........ 261
تۈركىيە سىياسىتىنىڭ داۋاملىق يامانلىشىشى ۋە مەخمۇت پىدائىي بىلەن
كۆرۈشۈش ........ 265
مەخمۇت پىدائىينىڭ تۆھپىسى ........ 270
«ۋارىياغ» ئىسمىلىك پاراخوتنى توسۇپ قېلىش جەريانى ........ 277
ۋارىياغنىڭ تۈركىيەدىن ئۆتۈشى ........ 282
مەيداندا 9 ئادەم قالغان ئىدۇق ........ 286
ئىككىنچى قېتىملىق ئەنقەرە زىيارىتى ........ 296
ئۈنجى قېتىم جۇمھۇرىيەتلىرىمىزنى خاتىرىلەش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ........ 299
مەخمۇت پىدائىيغا ئالتۇن مېدال تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ........ 303
مەھمەت رىزا بېكىننىڭ بىزنى تۈركىيە ھۆكۈمىتىگە چېقىشتۇرۇشى ........ 313
دۆلەت مۇداپىئە مىنىستىرى بىلەن كۆرۈشۈش ........ 316

تۈركىيە جۇمھۇرىيىتى مەركىزىي جامائەت خەۋپسىزلىك نازارىتىدە بولغان گەپلەر ... 319
مەخمۇت پىدائىينىڭ بەك ئاچچىقى كەلگەن ئىككى ۋەقە ........ 323
تىركىشىش ........ 325
بارات ھاجىمغا لەۋھە تەقدىم قىلىش مۇراسىمى ئۆتكۈزۈش ........ 336
تۆت ئايلىق تەشكىلات ........ 347
ئاجايىپ ۋەقە ........ 351
ئاق پارتىيەنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 355
مەنمۇ ئىقامەت ئالدىم ........ 358
شەرقىي تۈركىستان ۋەخپىدە قىلىنغان گەپلەر ........ 360
سابىق باش مىنىستىر نەجمىددىن ئەرباقان بىلەن كۆرۈشۈش ........ 364
خاتىرەمدىن ........ 370
ئاق پارتىيە دەۋرىنىڭ باشلىنىشى ........ 374
ئەنقەرە تىجارەتچىلەر ئۇيۇشمىسىدا ئېچىلغان يىغىن ........ 377
پارلامېنت باشلىقى بىلەن كۆرۈشۈش ........ 383
مەخمۇت پىدائىي ........ 385
ئۇرۇنسىز تاياق يېدىم ........ 395
ئۆلۈم بىلەن تەھدىت ........ 398
سىياسىي پاناھلىقنى رەت قىلىشىم ........ 402
ئابدۇقادىر ياپچانمۇ تاياق يېدى ........ 413
شەرقىي تۈركىستان مائارىپ ۋە ھەمكارلىق جەمئىيىتىنىڭ قۇرۇلۇشى ........ 418
تۈركىيە ۋەتەنداشلىقىغا ئۆتۈشۈم ۋە ئائىلەمنىڭ جەم بولۇشى ........ 422
شەنلىك ئۇيغۇر ماركېت ........ 425
«سۈرگۈن ۋە ئۆلۈم» ھۆججەتلىك فىلىمى ........ 428


ئالتىنچى باب

## غەزەپتىن ئۆرلىگەن جاسارەت


خىتاينىڭ ئولىمپىك مەشئىلىگە ھۇجۇم قىلىش ........ 435

خىتاي ئەلچىخانىسى ئالدىدا ئۆزۈمگە ئوت ياققانلىقىم ............ 446
پىتنە ـ پاسات ۋە تۆھمەتلەر ............ 460
چايخانىدا ............ 464
ئۇرۇمچى قىرغىنچىلىقى ............ 468
شىمالىي ئاتلانتىك ئەھدى تەشكىلاتى ئارمىيەسىنىڭ خىتايغا قارشى شەرقىي تۈركىستانغا كىرىشىنى تەلەپ قىلىش ............ 474
ئۇرۇمچى قىرغىنچىلىقىغا قارشى نامايىشلار ............ 481
پىلان تۈزۈش ............ 489
بىر قارارغا كېلىش ............ 492
سىناق ............ 499
خىتاي ئەلچىخانىسىغا بېنزىن بومبىسى ئېتىش ............ 502
سەن شەرقىي تۈركىستان دەۋاسىنى كۆتۈرە ئالامسىدىڭ؟ ............ 508
كېچىنىڭ ئادەملىرى ............ 512
تۈرمە خاتىرىسى ............ 522


يەتتىنچى باب

## ياناماس قەدەملەر


«ۋەتەنپەرۋەر» زىيالىي ............ 589
ياۋروپا پارلامېنتىدا ئۆتكۈزۈلگەن يىغىن ............ 591
ئويلىنىش ئىچىدە ئۆتكەن كۈنلەر ............ 619
بىر قېتىملىق ئەمەلگە ئاشمىغان پىلان ............ 624
3 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا شەرقىي تۈركىستانلىقلار قېرىنداشلىق ئۇچرىشىش يىغىنى 634
ھىجرەت قىلىپ چىققان ئۇيغۇرلار ............ 655
تايلاند كونسۇلخانىسىغا بېسىپ كىرىش ............ 686
تىجارەتچىلەرگە مۇناسىۋەتلىك بەزى ئەھۋاللار ............ 694
ئۈچ ئىشتىن بىرىنى تاللاش ............ 697
سۇتۇق بۇغراخان كىتابخانىسىدا ............ 703

سەككىزىنچى باب

## «100 مەشھۇر ئۇيغۇر» مەن يازغان تۇنجى كىتاب ئىدى

«100 مەشھۇر ئۇيغۇر» ناملىق كىتابىم نەشىردىن چىققاندىن كېيىن ..................... 717
سىلە ئوقۇمىغان ئادەم تۇرساڭلا! ..................................................................... 728

توققۇزىنچى باب

## تۈركىيە ۋەزىيىتى ۋە ئۇيغۇرلار

تۈركىيەدىكى ئۆزگىرىشلەر............................................................................ 741
زىننەتگۈل تۇرسۇن ۋەقەسى............................................................................ 751
ئەۋج ئېلىۋاتقان تۈركىيە دۈشمەنلىكى.......................................................... 761
ئاخىرقى سۆز ........................................................................................... 774

# بېغشلىما

بۇ كىتاب بىر قەھرىماننىڭ كەچمىشلىرىنىڭ خاتىرىسى. خاتىرىدە ئۇنىڭ ئىزدىنىشلىرى، مۇرەككەپ مۇناسىۋەتلەر ئىچىدىكى تېڭىرقاش ـ گاڭگىراشلىرى، ئاخىرى چىقماس ئىچ پۇشۇقلىرى، ئارزۇ ـ ئارمانلار، قەتئىي ئىرادە بىلەن تاشلانغان قەدەملەر، ھەركىمنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان جاسارەت ۋە قەھرىمانلىق ھەرىكەتلىرى يېزىلغان. ئۇ، بېسىپ ئۆتكەن قەدەم ئىزلىرىدىن ماڭغان يوللىرىنىڭ توغرا ـ خاتاسىنى ئايرىش، كەلگۈسى مۇساپىلەردە خاتالارنى تەكرارلىماسلىق ئۈچۈن، ئۆزىنى ۋە باشقىلارنى توغرا چۈشىنىش ۋە چۈشەندۈرۈش ئۈچۈن تەپسىلاتلارنى خاتىرىلەپ ماڭغان.

ھايات تەپسىلاتلىرىنى بۇنىڭغا ئوخشاش 10 ـ 20 يىللاپ خاتىرىلەپ مېڭىش، ۋاقتى كەلگەندە ئاۋام بىلەن ئورتاقلىشىشقا جۈرئەت قىلىش خېلى ـ خېلى كىشىلەرنىڭ قولىدىن كەلمەيدىغان ھەم مۇرەككەپ، ھەم قىيىن بىر ئىش. لېكىن مۇھەممەت تۇرسۇن ئاجايىپ جاسارەت بىلەن قەھرىمانلىق قىلالىغان ھەمدە ھايات قەدەملىرىنى، كەچمىش ـ كەچۈرمىشلىرىنى، ئويلىغانلىرىنى، سۆزلىگەنلىرىنى، قىلغان ـ ئەتكەنلىرىنى، ئارزۇ ـ ئىستەكلىرىنى سەمىمىيلىك بىلەن ۋەتەنداشلىرى بىلەن ئورتاقلىشىشقا ھەم جۈرئەت قىلالىغان.

قەھرىمان دېسە كۆپىنچە كۆز ئالدىمىزغا غايىۋى تەسۋىرلەر ئىچىدە گەۋدىلەنگەن گىگانت ئوبرازلار گەۋدىلىنىدۇ. رېئاللىقتىكى قەھرىمانلار ئانچە كۆزگە ئېلىنمايدۇ. بىراق، شۇنى بىلىشىمىز كېرەككى، قەھرىمانلارمۇ ئادەم، ھايات يولىدا ئۇلارمۇ تەمتىرەيدۇ، پۇتلىشىپ كېتىدۇ، ئۇلارنىڭمۇ خاتالىرى، كەمچىلىكلىرى ۋە باشقىلار ياقتۇرمايدىغان خۇي ـ مىجەزلىرىمۇ بولىدۇ. لېكىن، ئۇلار ئادەملەر ئىچىدىكى غايىلىك، جاسارەتلىك، قورقماس ئادەملەر. بەلكىم، ئۇ،

بىر كىتاب ساتقۇچىدۇر، بەلكىم ئۇ، بىر دۇكان ئاچقۇچىدۇر، بەلكىم ئۇ، بىر ئاددىي خىزمەتچىدۇر. لېكىن، ئۇ ھالقىلىق پەيتتە ئالدىغا چىقىپ، قاتمۇقات مۇھاپىزەت ئىچىدە كېلىۋاتقان خىتاي مەشئىلىگە ھۇجۇم قىلغان ئارسلان كەبى باتۇر ئادەم. خىتاي پايتەختىدە ئولىمپىك مەشئىلى يانغاندا ئۇنىڭغا قارشى ئۆزىنى - يۈرىكىنى مەشئەل قىلىپ ياندۇرۇپ، خەلقىنىڭ قارشىلىقىنى ئىپادىلىگەن قورقماس جەڭچى. ئۆزى يالغۇز بېنزىن بومبىسى ئېتىپ خىتاي ئەلچىخانىسىنىڭ 3 - قەۋىتىنى كۆيدۈرۈپ تاشلاپ، پۈتۈن دۇنياغا شەرقىي تۈركىستان خەلقىنىڭ مۇستەقىللىق كۈرەش ئىرادىسىنى نامايان قىلغان بىر قەھرىمان. شۇنداق، بۇ بىر جاسارەت، بۇ بىر قەھرىمانلىق ئىدى. لېكىن، بىز تارىختىن بېرى ھايات قەھرىمانلىرىمىزنىڭ قەدرىگە يېتەلمەي كەلدۇق. ئىلاجسىزلىق ئىچىدە قالغانلار ئىچىدىن چىققان بۇنداق قەھرىمانلىرىمىزنى ئەتىۋارلاش، قەدىرلەش ئورنىغا ئۇلار ئۈستىدىن پىتنە - پاسات تارقىتىپ، سەلبىي ئىنكاسلارغا كۆمۈپ تاشلاپ، ئۇلارنى دۈشمەندىن بەكرەك ئازابلىدۇق. خىتاي باسقۇنچىلىرىنىڭ زۇلۇمىدىن ئېچىشقان يۈرىكىنى تېخىمۇ ئېچىشتۇردۇق. ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردىنى تېخىمۇ ئېغىرلاشتۇردۇق. ئەگەر سىز بۇ كىتابنى ئوقۇپ چىقسىڭىز، كىتابتىكى خاتىرىلەردىن كىشى قەلبىنى ئۆرتەپ تاشلايدىغان بۇنداق ئېچىنىشلىق ئەھۋاللارغا شاھىد بولىسىز.

مۇھەممەت تۇرسۇن بۇ كىتابنى نەشرگە بېرىشتىن بۇرۇن مىنىڭ كۆرۈپ چىقىشىمنى ئىلتىماس قىلدى. مەن كىتابنى كۆرۈش جەريانىدا ئاستا - ئاستا كىتاب ئىچىگە كىرىپ كەتتىم. بەزىدە كۈلدۈم، بەزىدە ئۈھسىندىم، بەزىدە كۆزلىرىمگە ياش تولۇپ، يۈرگۈم ئېچىشتى، بەزىدە ئۆزۈمنى قويىدىغان يەر تاپالماي قالدىم. ئاھ، ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەردى! ۋەتەنسىزلىك - قەدىرسىزلىك، ۋەتىنىڭ ئامان بولمىسا قەدىر - قىممىتىڭ بولمايدۇ. ئاپتور ئۆزىنىڭ ئىچكى ھېسسىياتلىرىنى، ۋەتەنسىزلىكنىڭ دەرد - ئەلەملىرىنى ئۇنچىۋالا ئوبرازلىق تىل بىلەن ئىپادىلەپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ئۇنىڭ سەممىيەت بىلەن ئاددىي، ئۇقۇمۇشلۇق تىلدا ئىپادىلىگەن كەچمىشلىرىنىڭ خاتىرىسى كىشىدە

چوڭقۇر تەسىرات پەيدا قىلىدۇ، بەزىدە چېكى چىقماس چوڭقۇر ئويلارغا سالىدۇ. ۋەتەن ئۈچۈن پىداكارلىق قىلىشۋاتقانلارنىڭ قەدىرسىزلىكى، ئەتراپىنىڭ بوشلۇقى، بۇرۇقتۇم كەيپىيات ئىچىدە قالغىنى، ئۇلارنىڭ قولىلاش ئەمەس ئەيىبلەشكە ئۇچرىغىنى ناھايىتى ئېغىر سوئاللارنى ئالدىمىزغا تاشلايدۇ. بۇ زادى نېمە ئۈچۈن!

كىتابىمىزنىڭ قەھرىمانى ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا ئىرادىسىدىن يانمايدۇ. ھەرقانداق ۋاقىتتا ۋەتىنىنىڭ مۇستەقىللىقىنى قولغا كەلتۈرۈش يولىدا جان پىدا قىلىشقا تەييار تۇرىدۇ ۋە ئاجايىپ جاسارەت بىلەن قەھرىمانلىق كۆرسىتىدۇ. بىراق، ئۇ، قەھرىمان دەپ ئاتالماي، «مۇرتەد»، «تولۇك غورا»، «ئىش بۇزغۇچى» دەپ ئاتىلىدۇ. ئادەملەر ئۇنىڭدىن قاچىدۇ، سالىمىنى ئىلىك ئالمايدۇ، ئۇنى ئارىغا ئالمايدۇ، ئۇنى ئىشقا ئالمايدۇ. بىز نېمىشقا بۇنداق بولۇپ قالدۇق؟ بۇ قەدەر بېپەرۋالىق، بۇ قەدەر بۇرۇقتۇرمىلىق كەيپىيات قانداق پەيدا بولۇپ بۇنچە كەڭرى ئومۇملىشىپ قالدى؟ مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزگە توسقۇن بولۇۋاتقان خەۋپ ـ خەتەر زادى نەدە؟

كىتابتا يىگىرمە، ئوتتۇز يىلدىن بېرى تۈركىيەدە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان شەرقىي تۈركىستان مۇستەقىللىق كۈرىشى جەريانى ھەرخىل نۇقتىلار بۇيىچە خاتىرىلەنگەن. بىر بىرىگە ئۇلاشقان قىسقا تەپسىلاتلار ئارقىلىق ئىزدىنىش، گاڭگىراش، داۋالغۇش، تەۋرىنىش، بۆلۈنۈش، توپلىنىش، چېكىنىش، ئىلگىرىلەش قاتارلىق ئەھۋاللار پەردازلانماي ئوتتۇرىغا قويۇلۇپ، ئۇزۇن يىللاردىن بېرى مۇھاجىرەتتە ئېلىپ بېرىلىۋاتقان مۇستەقىللىق كۈرىشىمىزنىڭ ئەمەلىي ئەھۋالى يورۇتۇلغان. بۇ ئارقىلىق كەچمىشتىن ئىبرەت، ھازىرغا بىشارەت، كەلگۈسىگە ئىشارەت قىلىپ، بىز نېمە ئىش قىلدۇق، نېمە ئىش قىلىۋاتىمىز، نېمە ئىش قىلىشىمىز كېرەك ئىدى، دېگەن سوئاللارنىڭ توغرا جاۋابىنى تېپىشقا يۈزلەنگەن.

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن قالغان سوئال ـ جاۋابلار توغرىسىدا ئويلىنىش سىزلەرگە قالدى. بۇنىڭدا ھەممىمىزنىڭ ھەققى ۋە مەسئۇلىيىتى

بار. ئاخىرىدا شۇنى دېگىم كەلدى: مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەت ئاددىي، كەمتەر ئادەم. بېشىدىن ھاياتىنىڭ ئىسسىق سوغۇقلىرى كۆپ ئۆتكەن پىشقان ئادەم بولۇش سۈپىتى بىلەن جاسارەتلىك، قورقماس قەھرىمان. ۋەتىنىمىز شەرقىي تۈركىستاننىڭ مۇستەقىللىقىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش كۈرىشىدە ھەرقانداق ئەھۋال ئاستىدا بەل قويۇۋەتمەي مىللىي ئىرادىسىدىن ۋاز كەچمىگەن ئادەم. ئاخىرىدا يەنە ئۆزىنىڭ قەھرىمانلىق قىسسىسىنى يېزىشقا ھەم جۈرئەت قىلغان ئادەم. قىسقىسى، ھۆرمەتكە سازاۋەر ئادەم. كەمىنە، شۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ، مۇھەممەت تۇرسۇن ئەمەتكە ئاكىلارچە ھۆرمەت ۋە ئىززەت بىلدۈرىمەن، ئائىلىسىگە خاتىرجەملىك، تېنىگە سالامەتلىك، ئىشلىرىغا ئۇتۇقلۇق تىلەيمەن.

ئالماس ھاجى

2021 ـ 11 ـ 29. ئىستانبۇل

# كىرىش سۆز

ھۆرمەتلىك ئوقۇرمەن، مەن بۇ كىتابنى ئىمكانىيىتىمنىڭ يېتىشىچە ئەڭ توغرا شەكىلدە يېزىپ چىقىشقا تىرىشتىم.

ئەسلىدە كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزغا مىراس قىلىپ قالدۇرۇشنى كۆزدە تۇتۇپ، بەك ئالدىراپ قالسام، جۇمھۇرىيىتىمىز قۇرۇلغانلىقىنىڭ يۈز يىللىق خاتىرە كۈنى بولغان 2033 ـ يىلى 11 ـ ئاينىڭ 12 ـ كۈنىگە توغرىلاپ نەشر قىلدۇرۇشنى پىلانلىغان ئىدىم. شۇنداق بولسا تارىخ يېزىش ئۇسۇلىغا ئۇيغۇن بولىدۇ ۋە تەپسىلىي يېزىلغان بولىدۇ، دەپ ئويلىغۇدۇم. كېيىن، كىتابتىكى ئەھۋاللاردىن پەقەت كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزلا ئەمەس، ھەم كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىزمۇ، ھەم كىتابتا يېزىلغان ۋەقەلەرنىڭ ھايات گۇۋاچىلىرىمۇ، شۇنىڭ بىلەن بىرگە دەۋرىمىزدە بىز بىلەن بىرلىكتە ياشاۋاتقان خەلقىمىزمۇ خەۋەر تاپسۇن، دەپ ئويلىدىم. بىز ياشىغان يىللاردا ۋەتىنىمىزدە ۋە تۈركىيەدە قانداق ئىنسانلارنىڭ ياشىغانلىقىنى، قانداق ۋەقەلەرنىڭ بولۇپ ئۆتكەنلىكىنى، ئۇلارنىڭ قانداق ياشىغانلىقىنى، ئىدىيەسىنى، نېمە ئويلايدىغانلىقىنى، كۆز قاراشلىرىنى ۋە غايىسىنى ئاز بولسىمۇ بىلسۇن دېدىم. بىزنىڭ قانداق ياشىغانلىقىمىز، نېمىنى توغرا قىلغانلىقىمىز، نېمىنى خاتا قىلغانلىقىمىز، ئەسلىدە قانداق بولغان بولسا توغرا بولىدىغانلىقى ئۈستىدە پىكىر يۈرگۈزۈپ باقسۇن، دەپ ئويلىدىم.

كىتابنىڭ ئالدىنقى قىسمى مېنىڭ بالىلىق ۋاقتىمدىن تارتىپ ۋەتەندىن ئايرىلغىچە بولغان ھاياتىمغا مۇناسىۋەتلىك ئەھۋاللار بولۇپ، مەن بۇ جەريانلارنى يېزىپ چىقىش ئۈچۈن ئۇزۇن يىللار ئويلاندىم ۋە يادىمغا كەلگەن ئەسلىمىلىرىمنى ئۇدۇللۇق يېزىپ ماڭدىم.

مېنىڭ ۋەتەندىن ئايرىلغاندىن كېيىنكى جەريانلار يېزىلغان قىسمى

بولسا، مەن 1997 ـ يىلى 2 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى ۋەتەندىن ئايرىلىپ، قىرغىزىستاننىڭ بىشكەك شەھىرىگە كەلگەندىن باشلاپ كۈندىلىك خاتىرە تۇتقان ئىدىم. بۇ خاتىرىنى كېيىنكى يىللاردىمۇ ئاساسەن داۋاملاشتۇردۇم، كىتابنىڭ چەت ئەلگە چىققان كۈندىن باشلاپ كېيىنكى جەريانلار يېزىلغان قىسمىنى مۇشۇ كۈندىلىك خاتىرەمگە ئاساسەن يېزىپ ۋە رەتلەپ چىقتىم.

مەن بۇ كىتابنى 2018 ـ يىلى 1 ـ ئاينىڭ بېشىدىن باشلاپ يېزىشقا باشلىدىم. ۋەتەندە ئۆتكەن ھاياتىمنى ئۇزۇن يىللار ئەسلەپ خاتىرىلىگىنىمنى ھەم چەت ئەلگە چىققان كۈندىن باشلاپ 22 يىل بويىچە يېزىپ قالدۇرغان كۈندىلىك خاتىرەمنى ھېسابلىمىغاندا، بۇ كىتابنى يېزىشقا 2021 ـ يىلى 6 ـ ئايغىچە بولغان ئارىلىقتا ئۈچ يېرىم يىل ۋاقىت كەتتى.

كىتابتا مېنىڭ بالىلىق ھاياتىم بولسۇن، ئۆسمۈرلۈك ۋە ياشلىق ھاياتىم بولسۇن، چەت ئەلگە چىققاندىن كېيىنكى ھاياتىم بولسۇن، بارلىق ئەھۋاللارنى قولۇمدىن كېلىشىچە ئەينەن يېزىشقا تىرىشتىم. كىتابتا يېزىلغان بارلىق جەريانلار مېنىڭ تارىخىي سەرگۈزەشتىلىرىم بولۇپ، بىۋاسىتە ماڭا مۇناسىۋەتلىك بولغان، مەن ياشىغان، مەن كۆرگەن، مەن بىلگەن، مەن ئاڭلىغان، مېنىڭ بېشىمدىن ئۆتكەن ۋە مەن قاتناشقان ۋەقەلىكلەر يېزىلدى. يېزىلغان ۋەقەلەر ھېسسىيات، ئەدەبىي ئۇسلۇب ياكى يېزىقچىلىق ئۇسلۇبى دېگەندەك ئەمەس، پەقەت «راست بولغان ۋەقەلەر» قانداق بولغان بولسا شۇ بويىچە ئەينەن يېزىلىش ئاساس قىلىندى.

كىتابتىكى بارلىق ئەھۋاللار ھەقىقىي بولغان ۋەقەلىك بولغاچقا، قولۇمدا بىر قىسىم مۇھىم ۋەقەلەرنىڭ سۈرەت، گېزىت، خەت، خەۋەر ۋە بەزى ھۆججەتلەرنىڭ ئەسلىي نۇسخىسى... قاتارلىق پاكىت ۋە ئىسپاتلىرى بار ئىدى. بۇلارنىڭ بىر قىسمىنىڭ تارىخىي قىممىتىنى كۆزدە تۇتۇپ ئايرىم رەڭلىك ۋاراقتا ئورۇنلاشتۇردۇم. ئىسپاتلارنىڭ يەنە بىر قىسمىنى شۇ ۋەقەلىك يېزىلغان بەتنىڭ ئۆزىگە بەردىم. شۇڭا،

بۇ كىتابنى ئارخىپ سۈپىتىدە ئىشلىتىشكىمۇ ياكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە قوللانسىمۇ بولىدۇ، دەپ قارىدىم.

ھەممىمىزگە مەلۇم بولغىنىدەك ھازىرقى ۋەزىيىتىمىز ئۆزىمىزگە ئايان بولغاچقا، كىتابقا كىرگۈزۈلگەن ئەھۋاللارنىڭ بەزىسىدىن ئاتلاپ ئۆتۈشكە مەجبۇر بولدۇم. ئاز بىر قىسىم يەرلەردە يۈرىكىمدىكى بەزى گەپلىرىمنى دېيەلمەي باشقا سۆز ۋە جۈملە ئىشلىتىشكىمۇ مەجبۇر بولدۇم. بەزى ئىسىملارنى يازمىدىم ۋە يازالمىدىم.

مەن كىتابخانلاردىن بۇ كىتابنى ئوقۇغاندا، قانداقتۇر بىرەر ئەدەبىي ئەسەر ياكى ھېكايە دەپ ئويلاپ قالماسلىقىنى، كىتابتىكى ھەر بىر باب ۋە ھەر بىر ۋەقەلىكنى «راست بولغان ۋەقە» دەپ چۈشىنىشىنى ھەمدە شۇ بويىچە مۇئامىلە قىلىشىنى ئۈمىد قىلىمەن.